# مېيتنىڭ روھى ئائىلىسىگە قايتمايدۇ

[ئۇيغۇرچە]

روح الميت لا تعود إلى أهله وبيته
[باللغة الأويغورية]

مۇپتى : شەيخ ئابدۇرەھمان بەرراك
**المفتي: الشيخ عبد الرحمن البراك**
تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەد يۇسۇپ
**المترجم: محمد يوسف**
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن. تەمكىنى
**المراجعة: ن. تمكيني**

**رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى**

**المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض**

**1429 – 2008**

islamhouse.com

13183 نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

ئۆلگەنلەر ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ خوشاللىقى، غەمكىنلىكى ۋە باشقا ئەھۋاللىرىدىن خەۋەردار بولامدۇ ؟ مۇسۇلماننىڭ روھى دۇنيادىكى ئىشلارنى بىلىش ئۈچۈن بۇ دۇنياغا كېلەمدۇ؟ ئۆلگەن كىشىنىڭ روھى 40 كۈنگىچە جان ئۈزگەن جايغا كېلىدۇ دەيدىغان سۆزلەر بار بۇ راستمۇ؟ھاياتلار ئۇلارنىڭ كەلگىنىنى ھىس قىلامدۇ؟ ئۆلار توغرىسىدا كۆرگەن چۈشلەرچۇ؟

جاۋاب:

ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان ۋە باشقا بىر دۇنياغا يۆتكەلگەن بولىدۇ. ئۇنىڭ روھى ئائىلىسىگە قايتمايدۇ ۋە ھېچنەرسىنى تۇيمايدۇ. مېيىتنىڭ روھى 40 كۈنگىچە ئۆلگەن جايغا كېلىدۇ، دېگەن سۆزلەر خۇراپاتتۇر. ئۇنىڭ ئاساسي يوق. مېيىتمۇ تۇغقانلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن ھېچ نەرسە بىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئۇلاردىن ئايرىلغان. لېكىن ئالالاھ خالىغان بەندىسىگە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بەزى ئەھۋاللىرىدىن خەۋەر بېرىدۇ. بۇ ھەمىشە ۋە ھەممە كىشىگە شۇنداق ئەمەس. ئۆلۈكلەر ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرىدۇ دەيدىغان سۆزلەر بار. بۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولمايدۇ. ئەمما چۈشلەردىن بەزىسى ھەق بولۇپ، بەزىسى شەيتاننىڭ ئويۇنىدۇر. بەزى تىرىكلەر ياخشى چۈشلەر ئارقىلىق مېيىتنىڭ ئەھۋالىنى بىلەلەيدۇ. لېكىن بۇمۇ چۈش كۆرگۈچىنىڭ ۋاستىچىللىقىغا ، چۈشنى راست كۆرگەنلىكىگە ۋە تەبىر بەرگۈچىنىڭ سالاھىيىتىگە باغلىق. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا جەزم قىلىشقا

بولـمايدۇ. بەزى تـىرىكلـەر ئۆلـۈك تـۇغقـىنـىنـى چۈشـىدە كـۆرىدۇ، ئۇنـىڭغا بەزى تەۋسـىيـەلـەرنى قـىلـىدۇ، ئـەمـەلـىيـەتكە مـۇۋاپـىق بولـسا راسـتـلـىقـىنـى بـىلـگـىلـى بولـىدىغان بەزى ئـىشلاردىن خـەۋەر بـېرىدۇ. بـۇخـىلـدىكى ئـىشلار يـۈز بەرگـەن. بۇلاردىن ئـەمـەلـىيـەتكە مـۇۋاپـىق كـەلگـىنـى، راسـتـلـىقـىنـى بـىلـگـىلـى بولـمايدىغـىنـى ۋە يالغانلـىقـىنـى بـىلـگـىلـى بولـىدىغـىنـى بولـۇپ يـۇقـىرىدىكى ئـۈچ تـۈرلـۈكـتـىن ئـىبـارەتتۇر.